


# جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چىشىك) 2014 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى.

«قارار»دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جاپالىق كۈرەشلىرىنى ئەستە مەڭگۈ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قەھرىمانلار، قۇربانلار ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بارلىق كىشىلەرنى ياد ئېتىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قەتئىي قوغدايدىغان قەتئىي مەيدانىنى نامايان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئۇلۇغ مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتىش قارار قىلىندى. ھەر يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى دۆلەت خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ.

1931 ـ يىلى، ياپونىيە مىلىتارىزمى ئۆكتەملىك بىلەن «18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»نى قوزغىغان، جۇڭگو خەلقى قەيسەرلىك بىلەن ئاتلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. 14 يىل مىسلىسىز جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دوكچىڭ قولتۇقىدا ئامېرىكىنىڭ «مىسسۇرى» ناملىق ھەربىي پاراخوتىدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغان. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ ھەم دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقى رەسمىي جاكارلانغان.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى بىرىنچى قېتىملىق تولۇق غەلىبىسى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە ياپونىيە مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىپ قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلدى، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللىي ئارنومۇسنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى؛ جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنى قايتىدىن تىكلىنىپ، جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئاچتى، قەدىمىي جۇڭگونىڭ سۇمۇرغىنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشتىكى يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى، گوۋۇيۈەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1945 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىمنامىگە ئىمزا قويغان كۈننىڭ ئىككىنچى كۈنىنى، يەنى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىنى «3 ـ سېنتەبىر ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتتى.

2014 ـ يىلى 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خاتىرە كۈنىنى بېكىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ خاتىرە كۈننىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى ئىپادىلىدى.




لەن شياڭتيەن، جاۋ خۇشىڭ:

# جىنايەتچى بىلەن باتۇرانە ئېلىشقان، خىزمەت ئۈچۈن قۇربان بولغان

## 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تەييۈەن، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ فېيفېي) 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، لەن باۋتيەن چۈشىدە دائىم ئاكىسىنى كۆرەتتى، «ئۇنىڭ يەنە قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەيتتىم». 57 ياشلىق لەن باۋتيەن سەنشى ئۆلكىسى يۈەنپىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سۇلۇڭكۇ ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى. 1995 ـ يىلى، ئۇنىڭ ئاكىسى لەن شياڭتيەن جىنايەتچىنى تۇتۇش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قۇربان بولغانلاردىن يەنە لەن شياڭتيەننىڭ سەپدىشى جاۋ خۇشىڭمۇ بار ئىدى.

لەن شياڭتيەن 1960 ـ يىلى تۇغۇلغان، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈەنپىڭ شەھىرىدىن، 1981 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1992 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، سەنشى ئۆلكىسى يۈەنپىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سەنجىيى ساقچىخانىسىدا جىداۋيۈەن بولغان. جاۋ خۇشىڭ 1958 ـ يىلى تۇغۇلغان، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈەنپىڭ شەھىرىدىن، 1980 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1987 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1989 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، سەنشى ئۆلكىسى يۈەنپىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سەنجىيى ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى بولغان.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتە، ئاياللارنى ئالداپ ساتقان بىر جىنايەتچىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەن شياڭتيەن، جاۋ خۇشىڭ دەرھال سەپداشلىرى بىلەن نىشان ئورنىغا يېتىپ بېرىپ، جىنايەتچىنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋالدى. جىنايەتچى شەپىنى ئاڭلاپ، قولىغا ئوق بەتلەنگەن ئوۋ مىلتىقىنى ئالغىنىچە ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن قېچىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، جىنايەتچىنى قورشىۋالدى. جىنايەتچى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئوق چىقىرىپ قاتىللىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ئۇلار مەردانىلىك بىلەن، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، جىنايەتچىنىڭ قولىدىكى ئوۋ مىلتىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، جان تىكىپ ئېلىشتى. ئېلىشىش جەريانىدا جىنايەتچىنىڭ قولىدىكى ئوۋ مىلتىقى ئۈچ پارچە بولۇپ كەتتى، جىنايەتچى قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، غالجىرلاشقان ھالدا يېنىغا يوشۇرۇۋالغان پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى پارتلاتتى، يولداش لەن شياڭتيەن نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، يولداش جاۋ خۇشىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان يولدا خىزمەت ئۈچۈن قۇربان بولدى.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش لەن شياڭتيەن بىلەن جاۋ خۇشىڭغا 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەردى.

«مەن ھەر ۋاقىت ئاكامدىن ئۈلگە ئالىمەن، بۇ مېنىڭ ئۆزۈمگە قويغان تەلىپىم.» لەن باۋتيەن مۇنداق دېدى: جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ھەر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا ھەمىشە ئاكامنى ئويلايمەن، ئۆز تەۋەلىكىمدىكى پۇقرالارغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك دەپ ئويلايمەن. خىزمەتكە قاتناشقان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، كۆپ قېتىم خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن لەن باۋتيەن ئەزەلدىن چېكىنىپ باقمىدى، «بىر ساقچى بولغان ئىكەنمەن، ئۇچامدىكى ساقچى فورمىسىغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك. جىددىي پەيتتە، ئاتاكىغا ئۆتۈشۈم كېرەك!»

# ھەربىر «تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆز»نىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ھەم تولى ناھىيەسى ئورتاق قۇرغان بۇ ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى ئېبربولاتقا ئوخشاش چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نۇرغۇن بالىغا ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. بۇ مەكتەپ شۇ چاغدىكى تولى ناھىيەسىدىكى ئوقۇتۇش شارائىتى ئەڭ ياخشى مەكتەپ، شۇنداقلا پۈتۈن ناھىيەدىكى بىردىنبىر ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

«يېڭى مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن، مەن ۋە ئاتا ـ ئانام ناھايىتى خۇشال بولدۇق، مەن ئاخىر داۋاملىق مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم!» ئېبربولات ئەينى يىلى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى ئاشۇ خۇشاللىقنى ھېلىمۇ ئېنىق ئەسلىيەلەيدۇ. سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان شۇ پەيتتە، ئېبربولات سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىن كەلگەن ئىللىقلىقنى ھەققىي ھېس قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ قەلبىگە ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۇرۇقىنى كۆمگەنىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئېبربولات تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى.

1999 ـ يىلى، ئېبربولات سىفەن مەكتىپىنى پۈتكۈزدى، ئەسلىدە ناھىيە بازىرىدا قېلىپ خىزمەت قىلالايتتى، ئەمما ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۆت بازىرىدىكى ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى تاللىدى.

«يۇرتۇمنىڭ شارائىتى ناچار، يېزا ـ كەنت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنتايىن قىس، مەن تۇنجى تۈركۈمدە ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى، مېنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنىنى بۇ يەردە داۋاملىق تارقىتىپ، تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى تاغدىن چىقىپ يېڭى دۇنياغا يۈزلىنىشكە يېتەكلەش مەسئۇلىيىتىم بار» دېدى ئېبربولات.

ھازىرغا قەدەر، ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا جەمئىي 517 ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى، ئۈمىد يەسلىسى، بىر ئۈمىد دوختۇرخانىسىنى ياردەم بېرىپ قۇردى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

### ■ مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى مۇجەسسەملەش

تاما ـ تاما كۆل بولار، قوم يىغىلسا تاغ بولار. ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا ئەمەلىيلەشكەندىن بۇيان، مېھىر ـ شەپقەتكە تولغان تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار ۋە شەخسلەر بۇنىڭغا قاتناشتى.

ھازىرغا قەدەر، ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا جەمئىي 512 مىليون يۈەن تۈرلۈك ئىئانە پۇل، ماددىي ئەشيا توپلىدى، 2480 ئۈمىد قۇرۇلۇشى شادلىق يۈرۈشلۈك تۈرىنى ئىئانە قىلىپ قۇردى.

جۇڭگو گۈيجوۋ ماۋتەي ھارىقى زاۋۇتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قوزغىغان «جۇڭگو ماۋتەي . دۆلەت تۆۋرۈكى» شىنجاڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشى . ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرىكىتى 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭغا جەمئىي 21 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، 4350 نەپەر ئالىي مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىغا ياردەم بېرىپ، ئۈمىد قۇرۇلۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

غۇلجا شەھىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان خەن باۋچىڭ 1999 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپ، پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئون نەچچە نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇشنى تاماملىشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى، جەمئىي 150 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ئىئانە قىلدى.

«ھەر قېتىم مەن ياردەم بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ جەمئىيەتكە چىقىپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى، ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن» دېدى خەن باۋچىڭ.

### ■ سۈپەتلىك ماركىنىڭ تېخىمۇ زور تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش

ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا ئەمەلىيلەشكەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىقتىسادىي ياردەم، ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇشى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئىشلىرى تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقۇچى ۋە تۈرتكە بولغۇچىغا ئايلاندى.

2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئىچكىرى رايونلاردىكى مېھىر ـ شەپقەت ئاممىۋى پاراۋانلىق فوندى جەمئىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە «ياش پاراۋانلىق ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى» ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاممىۋى پاراۋانلىق تەشكىلاتى قۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ ئاممىۋى پاراۋانلىقنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى قانات يايدۇردى. بۇ جەرياندا، ياردەمگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغا نېمىنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماي ھەم ئاممىۋى پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، يەنە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇردى.

ئۈمىد قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈمىد يەسلىسىنى ياردەم بېرىپ قۇرۇش، ئۈمىد ئاۋازلىق دەرسخانا تۈرى، ئۈمىد كىتاب ئوقۇش ئۆيى تۈرى قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلىپ قۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلىرىنىڭ تېزدىن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئىگىلەپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، بالىلارنىڭ دۆلەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتتى. ھازىر ياردەمگە ئېرىشىپ قۇرۇلغان كەنتلەرگە بارسىڭىز، بالىلار سىزگە قىزغىنلىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىدۇ، سىزگە قاراپ «ياخشىمۇسىز!» دەيدۇ، بالىلارنىڭ جىلۋىلىنىپ تۇرغان خۇش تەبەسسۇمىنى كۆرگىنىڭىزدە، سىز ئۈمىد ئۇرۇقىنىڭ بۇ مۇنبەت تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

«ئۈمىد قۇرۇلۇشىنى ئاممىۋى پاراۋانلىق تۈرىنىڭ داڭلىق سۈپەتلىك ماركىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانداق قىلىپ جەمئىيەت تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلىش بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان ۋە تىرىشىدىغان يۆنىلىشىمىز.» شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى شى لىپى مۇنداق بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، فوندى جەمئىيەت ئاممىۋى پاراۋانلىق تۈرىدىكى بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەت باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇپ، ئاممىۋى پاراۋانلىق تۈرى مەخسۇس فوندى تەسىس قىلىپ، ئاممىۋى پاراۋانلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىشىگە ياردەم بەردى.

ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەن:

# گىراناتقا ئېتىلىپ بېرىپ، ھاياتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۈنمىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار پۇ چاۋ، زى چياڭ) 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەن ئىككى قەھرىماننىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىپ ئادەم قۇتقۇزۇشتەك قەھرىمانلارچە ئىش ئىزلىرى جۇاڭزۇ ـ مياۋزۇلار يۇرتى ــ يۈننەن ۋېنشەندە كەڭ تارقالغان.

ۋېن جيەنشېڭ، ئەر، خەنزۇ، 1968 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مالىپو ناھىيەسىدىن، 1989 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا مالىپو ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەييارلىق سوراق بۆلۈمىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

ۋېن جۈنچۈەن، ئەر، خەنزۇ، 1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مالىپو ناھىيەسىدىن، 1990 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا مالىپو ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەييارلىق سوراق بۆلۈمىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

شەرەپلىك خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، رەزىللىكنى يوقىتىپ، ياخشىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئائىلىنى، ۋەتەننى قوغداش ئىزچىل تۈردە ۋېن جيەنشېڭ بىلەن ۋېن جۈنچۈەننىڭ ئارزۇسى ئىدى. ۋېن جيەنشېڭ 1989 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئەستايىدىل بېرىلىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە باتۇر ۋە قەيسەر، زېرەك ۋە كەسكىن بولغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 119نى باشچىلىق قىلىپ بېجىرگەن، 194 جىنايەتچىنى قولغا ئالغان، 21 جىنايەت شايكىسىغا زەربە بەرگەن، بىر قېتىم شەرەپ بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. ۋېن جۈنچۈەن 1990 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، پاك، دۇرۇس بولۇپ، ئۇدا ئىككى يىل تەقدىرلەنگەن.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سائەت 20 لەر ئەتراپىدا، ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەن ۋە خىزمەتدىشى ياڭ شيۇلىن شەھەر رايونىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا، ئاممىنىڭ «بىرەيلەن قولىغا گىرانات ئېلىۋېلىپ شياۋخېدۇڭ كۆۋرۈك بېشىدىكى شۇنچاڭ پېچىنە ـ پىرەنىك زاۋۇتىدا جېدەل تېرىۋاتىدۇ، ئادەم ئۆلىدىغان بولىدى» دېگەن دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئۈچەيلەن دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، 15 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان چىراغ نۇرى غۇۋا ئادەتتىكى بىر زاۋۇت ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر توپ ئاممىنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى بايقىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە چىرايىدىن ياۋۇزلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئەر بىر ياش قىزغا ۋە ئالتە ئايالغا، بالىغا ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتاتتى، ئەرنىڭ بېلىگە قاپقىقى ئېچىلغان ئىككى گىرانات ئېسىقلىق بولۇپ، ئوچۇق تۇرغان پىلىك ھالقىسى ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىپ پۇلاڭشىپ تۇراتتى.

ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەن، ياڭ شيۇلىن ئەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى قورال ئىشلىتىپ تامامەن توسۇپ قالالايتتى، لېكىن ئامما ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئاياللار ـ بالىلارنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ھەرىكەت قىلىشقا پۇرسەت كۈتتى.

«بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن، قالايمىقان ئىش قىلما!» دېدى ۋېن جۈنچۈەن قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە. لېكىن ئەقلىنى يوقاتقان ئەر نەسىھەت قىلىپ توسۇغانغا پەرۋا قىلمىدى. تۇيۇقسىزلا، ئۇ گىراناتنىڭ پىلىك ھالقىسىنى كۈچەپ تارتىۋەتتى.

مۇشۇنداق ئىنتايىن خەتەرلىك ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ۋېن جۈنچۈەن، ۋېن جيەنشېڭ، ياڭ شيۇلىنلار چېكىنمىدى، ئۇلار ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۆزىنى قارا نىيەتكە ئېتىپ، ئۆز تېنى بىلەن ئېتىلىش ئالدىدىكى گىرانات پارچىسىنى توسۇۋالدى.

نەق مەيداندىكى ئامما قۇتقۇزۇۋېلىندى، ئۈچ ساقچى قان ئىچىگە يىقىلدى. ياڭ شيۇلىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق خەتەردىن قۇتۇلدى، بەش ئامما يېنىك يارىلاندى، قارا نىيەت نەق مەيداندا پارتلاپ ئۆلدى.

ۋېن جۈنچۈەنگە گىرانات پارچىسى تېگىپ، نەق مەيداندا مەردانىلەرچە قۇربان بولدى. ۋېن جيەنشېڭنىڭ سول ساغرىسى ۋە يوتىسى تىتىلىپ كەتكەن، يوتا ئارتېرىيە تومۇرى پارتلاشتىن ئۈزۈلگەن بولۇپ، كۆكرەك قىسمى، قورساق قىسمىغا 100دىن ئارتۇق گىرانات پارچىسى تېگىپ نەق مەيداندا ھوشىدىن كەتتى. ۋېن جيەنشېڭ ئامما تەرىپىدىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ قۇتقۇزۇلدى، ئاخىرىدا يارىسى ئېغىر بولغاچقا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، شۇ كۈنى سائەت 23تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەنگە 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەردى.

قەھرىمان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، ئالىيجاناب روھى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ۋېن جيەنشېڭ، ۋېن جۈنچۈەن ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن خەلق ساقچىلىرىنىڭ خالىس ئۆزىنى بېغىشلاش، پىداكارلىق بىلەن خەلقنى قوغداشتەك ئۇلۇغۋار زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئۇلۇغ ئىشى جۇاڭزۇ ـ مياۋزۇلار يۇرتىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ تارقىلىپ، بىر ئۆچمەس ئابىدىگە ئايلاندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)